# پارتىيە بايرىقىنى ئاساسىي قاتلام بازىسىدا ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مايالاك يۆنىلىشنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە «پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە دەرسىنى ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈپ، ئاساسىي قاتلامدىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ئۆگىنىش، تەربىيەلەش بىلەن ئومۇميۈزلۈك قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى.

—— «تۆت ئاڭ»نى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى ۋە سىياسىي قائىدىسىگە قاتتىق رىئايە قىلدى... يېزىلاردىن شەھەرلەرگىچە، ئورگان، مەھەللىلەردىن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىن باشقا كارخانا، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغىچە «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس»نى دائىملاشتۇردى، پارتىيەۋىلىك جەھەتتىن چېنىقىشنى كۈچەيتتى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش تارىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى.

—— مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، نەتىجە يارىتىشنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈردى. ھاكىم، باشقارما باشلىقى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن تاللاپ ئېغىر نامرات كەنتلەرنىڭ 1 ـ شۇجىسى قىلىپ ئەۋەتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا ئىنتىپاقلاشتۇردى، يېتەكلىدى.

—— نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى «قىشلىق ھۇجۇم»نى قانات يايدۇرۇپ، نامرات رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، سىياسىي يۈكسەكلىك ۋە خىزمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچنى ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتتى.

—— پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى دىققىتىنى ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىشلارنى ياخشى قىلىش، سىجىل كۈچەشكە مەركەزلەشتۈردى. خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش تۈردىن 39 مىڭدىن كۆپرەكنى يولغا قويۇپ، ئاممىغا 2 مىليوندىن ئارتۇق ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بەردى.

شىنجاڭ پايتەخت بېيجىڭدىن يىراق بولسىمۇ، ئەمما ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ قەلبى باشتىن ـ ئاخىر يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن زىچ تۇتاشقان، چەمبەرچاس باغلانغان بولۇپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى شىنجاڭدا كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇدى، پارتىيە بايرىقى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا ئېگىز جەۋلان قىلدى.

## ئاساسنى كۈچەيتىپ، ئۇلنى پۇختىلاپ قورغان بەرپا قىلىش:

### ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى بىرتۇتاش پىلانلىنىپ ئالغا سىلجىتىلدى

«كەنتىمىزدىكى 77 نامرات ئائىلىنىڭ ھەممىسى نامراتلىق قالپىقىنى چۆرۈپ تاشلىدى!» دېدى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى مەكىت ناھىيەسىنىڭ قۇمقۇسار يېزىسى تۆۋەن خادىلىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئىمىن نەمەت خۇشال ھالدا.

قۇملۇقنىڭ بويىغا جايلاشقان تۆۋەن خادىلىق كەنتتە بۈگۈنكى كۈندە ئاسفالت يول تۇتاشتۇرۇلدى، ھەممەيلەن ئەمىن ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، ھەممە ئائىلىگە سۇ، توك يەتكۈزۈلدى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 2008 ـ يىلىدىكى 3300 يۈەندىن، 2018 ـ يىلىدىكى 10 مىڭ 116 يۈەنگە كۆپەيدى. كەنتتىكى ئۆزگىرىشلەر ھەققىدە توختالغاندا ئىمىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشىشتە پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىگە تايادۇق، بەختىمىزگە يارىشا كەنتىمىزدە ياخشى پارتىيە ياچېيكىسى بار!»

تۆۋەن خادىلىق كەنتى پارتىيە ياچېيكىسى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كەنتنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتتى.

يىلتىز چوڭقۇر بولسا يوپۇرماق باراقسان بولىدۇ، ئاساس پۇختا بولسا شاخلار ئاينىيدۇ. پارتىيەنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ تۈپ ئاساسى ھەربىر ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتىنى كۈچلۈك جەڭگىۋار قورغانغا ئايلاندۇرۇش.

—— كىشىلەر قەلبىنى مايىل قىلىشتا كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇش. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى دائىملاشتۇرۇش، ئۇزاق ئۈنۈملۈكلەشتۈرۈش، تۈزۈملەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقىتىپ، 18 تۈرلۈك دائىملاشتۇرۇش، ئۇزاق ئۈنۈملۈكلەشتۈرۈش، تۈزۈملەشتۈرۈش مېخانىزمىنى ئورناتتى. كەنتتە تۇرىدىغان كادىرلار مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئېلىپ، مەسئۇلىيەتنى ئېلىپ، مۇھىم تاپشۇرۇقنى ئېلىپ، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ئامما ئارىسغا سىڭىشتى، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئامما ئارىسىدا پارتىيەنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈردى، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئۇلىنى پۇختىلىدى، يېزىدا ھەقىقىي ئىز قالدۇرۇپ، نامىنى خەلق قەلبىدىن ئورۇن ئالدۇردى.

—— ئاساسىي قاتلام قوشۇنىنى يېتەكلەشكە كۈچەپ ياردەم بەردى. كەنتتە تۇرۇشلۇق كادىرلار كەنت كادىرلىرى بىلەن دائىملىق قوشماق بولۇپ، يېتەكلەشكە ياردەم بېرىپ، تۈرلۈك تۈزۈم، مېخانىزمنى ئورنىتىش، مۇكەممەللەشتۈرۈشكە، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتىنىڭ يۈرۈشۈشنى قېلىپلاشتۇرۇشقا، كەنت ئاھالىلىرىگە مۇلازىمەت قىلىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە ياردەم بەردى.

—— كەم ـ كوتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلدى. بەنزىنى چىڭ تۇتۇپ، قوشۇننى يېتەكلەپ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا رەھبەرلىك قىلىپ ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەلبنى، كۈچنى مۇجەسسەملەپ مەركىزىي ۋەزىپىنى تاماملاپ، مەركەزنىڭ تەدبىرى، يۇقىرى دەرىجىلىكنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ھەربىر ياچېيكىغىچە ئەمەلىيلەشتۈردى، تۈرلۈك خىزمەتلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈردى.

—— سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، سىياسىي خۇسۇسىيەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سىياسىي ئىقتىدارنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك يادروسلىق، سىياسىي يادرولۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى... پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىدا كىملەر بەس ـ بەستە دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى.

## قاتتىق باشقۇرۇپ ۋە كۆيۈنۈپ، ھاياتىي كۈچنى ئۇرغۇتۇش:

### سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلدى

«پارتىيە ئەزاسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، كەنت ئاھالىلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلەش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم، كەنت ئاھالىلىرى نامراتلىقتىن قۇتۇلمايدىكەن، مەن كەتمەيمەن» دېدى جۇڭگو تۆمۈريول ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ باش يېتەكچىسى، خوتەن ناھىيەسىنىڭ لايقا يېزىسى باش لايقا كەنتىدە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى يۈسۈپ قادىر.

«ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ باش يېتەكچىسى ۋە 1 ـ شۇجى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يۈسۈپ قادىر كەنتتە تۇرۇشلۇق تۆت خىزمەت ئەترىتى ۋە ئېغىر نامرات كەنتلەرنىڭ سەككىز 1 ـ شۇجىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ بىرىنچى سېپىدە كۈرەش قىلىشىغا بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلدى. ئۇ كەنتتە تۇرغان تۆت يىلدىن بۇيان، ئۇسۇل ـ چارە ئۆگىنىش، تەربىيەلەشنى تۇتۇش، ماھارەتنى كۈچەيتىش قاتارلىق جەھەتلەردىن قول سېلىپ، ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كىرىمنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلىدى.

پويىزنىڭ تېز مېڭىشى پاراۋۇزغا باغلىق. ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئاساسىي جەڭ مەيدانىدا پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ئالدىدا مېڭىپ، ئاۋانگارتلىق رولىنى، ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى ھەقىقىي نامايان قىلدى.

ئەخلاقلىق ھەم ئىختىساسلىق بولۇشتا ئەخلاق ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلدى، ھەممە يەردە ئىختىساسلىقلار تاللاپ ئىشلىتىلدى... مەركەزنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، پارتىيە ۋە خەلق ئېھتىياجلىق بولغان ياخشى كادىرنى يېتىشتۈرۈش، تاللاپ ئۆستۈرۈشنى چۆرىدەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئادەمنى دەل جايىدا ئىلمىي تاللاپ، ئىشلىتىپ، كادىرلارنى قاتتىق باشقۇرۇپ، نازارەت قىلىپ، كادىرلارنىڭ ھەم چىقالايدىغان، ھەم چۈشەلەيدىغان ئىقتىدارىنى قوزغاتتى.

كۆڭۈل بۆلۈش، كۆيۈنۈش مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئالغا سىلجىتىلدى. سىياسىي جەھەتتە كۆڭۈل بۆلۈندى، ئىدىيە جەھەتتە غەمخورلۇق قىلىندى، تۇرمۇش جەھەتتە ياردەم بېرىلدى، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ تىرىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قوزغىتىلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، ھەربىر ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىشتىكى جەڭگىۋار قورغانغا ئايلاندى؛ ھەربىر پارتىيە ئەزاسى، كادىر ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىشنىڭ ئاۋانگارت نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشقا تىرىشماقتا.

قىپقىزىل پارتىيە بايرىقىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئالاھىدە جاپاغا چىدىيالايدىغان، ئالاھىدە كۈرەش قىلالايدىغان، ئالاھىدە تۆھپە قوشالايدىغان روھ بىلەن ئاما بىلەن رىشتە باغلايدىغان، خالىس تۆھپە قوشىدىغان دەۋر قەسىدىسىنى پۈتۈپ چىقتى.

# تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ گىرۋىكىدە دېڭىز شالىنى سىناق قىلىپ تېرىش كۆلىمى كېڭەيتىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

سىناق قىلىپ تېرىلغان يەرنىڭ تۇز تەركىبى 17‰ ئەتراپىدا، PH كىسلاتا ـ ئىشقارلىق دەرىجىسى 8.0دىن ئاشىدىغان بولۇپ، ئېغىر دەرىجىدىكى شورلۇق يەرگە تەۋە، «دېڭىز شالى تۇپراقنى ياخشىلاش، شورنى تۆۋەنلىتىش ئۈنۈمىگە ئىگە بولۇپ، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە بۇ شورلۇق يەرنى مۇنبەت ئېتىزغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ».

ساۋ جىشۈن مۇنداق دېدى: 2018 ـ يىلى يوپۇرغا ناھىيەسىدىكى تەجرىبە ئېتىزىنىڭ مو بېشى ھوسۇلى 549 كىلوگىرامغا يېتىپ، دەسلەپكى قەدەمدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىلدى. «ئۆمىكىمىز بېكىتكەن دۆلەت ئىچىدىكى شورلۇق يەرنىڭ دېڭىز شالى ھوسۇلىنىڭ 〈لاياقەتلىك چېكى〉 —— مو بېشى ھوسۇلى 200 كىلوگىرام بولۇپ، مو بېشى ھوسۇلى 549 كىلوگىراملىق نەتىجىنىڭ مۆلچەردىكىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىشى بۇ جايدىكى شورلۇق يەرنىڭ ناھايىتى زور ئېچىش يوشۇرۇن كۈچىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.» ئۇ مۇنداق دېدى: شىنجاڭدا شورلۇق يەر كۆلىمى چوڭ، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە شورلىشىپ كېتىش خەۋپىگە ئۇچرىغان تېرىلغۇ يەر تەخمىنەن 20 مىليون مو بولۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئومۇمىي تېرىلغۇ يەرنىڭ 30%نى ئىگىلەيدۇ، دېڭىز شالىنىڭ شىنجاڭدا شورلۇق يەرنى ئۆزگەرتىشتىكى قىممىتى ناھايىتى زور، ئىستىقبالى پارلاق.

«پۈتۈن يېزىمىزدا 15 مىڭ مو شورلۇق يەر بار بولۇپ، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىش تامامەن مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يۇقىرىلار دېڭىز شالىنىڭ قاقاس يەرنى مۇنبەت ئېتىزغا ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى تەقەززا بولدى» دېدى ئالىمجان.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: مەملىكەتلىك يەرلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇش يىغىنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق سىياسىي كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ـ مۇھاكىمە قىلىش پائالىيىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە داۋاملىشىشى بولۇپ، ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن تەجرىبە، نەتىجە ـ ئۈنۈمنى ئومۇميۈزلۈك يەكۈنلەپ، يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى پىلانلاش ۋە ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنى تېخىمۇ پۇختا، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئۆزگىچە ئىشلەش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ناھىيەلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ رولىنىڭ «نېمە» ئىكەنلىكىنى توغرا ئىگىلەپ، «پارتىيەنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتىكى مۇھىم بازىلىق، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى ئارقىلىق ھەر ساھەدىكى ۋەكىل زاتلارنى قوراللاندۇرۇشتىكى مۇھىم سۇپىلىق، زىددىيەتنى تۈگىتىپ، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەشتىكى مۇھىم يوللۇق» رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ناھىيەلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ «نېمە قىلىشى كېرەكلىكى»نى توغرا ئىگىلەپ، ئاساسلىق خىزمەتنىڭ كېڭىشىش ئىكەنلىكىنى، ئاساسلىق خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ «سەھنە ھازىرلاش» ئىكەنلىكىنى، خىزمەتنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنىڭ قوش يۆنىلىشلىك كۈچەش ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. ناھىيەلىك، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ «قانداق قىلىشى كېرەكلىكى»نى توغرا ئىگىلەپ، كېڭىشىش قېتىم سانىغا كاپالەتلىك قىلىپ، كېڭىشىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كېڭىشىش شەكلىنى بېيىتىپ، مەخسۇس كېڭىشىش ئاپپاراتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي كېڭەشنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، سىياسىي كېڭەشنىڭ خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، خىزمەت ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى ۋە ئورگان كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، يېتەكچىلىكىنى كۈچەيتىشتە يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىش كېرەك.

يىغىندا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرىنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشى سەپەرۋەرلىك قىلىندى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، تۈپ ۋەزىپىنى پۇختا ئىگىلەپ، باش تەلەپنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيەنى ياخشى تۇتۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ـ كۆزدىتىپ، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ۋىلايەت(ئوبلاست، شەھەر) دەرىجىلىككىچە ئېچىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى چېڭ جېنشەن، ماغاۋ سېيىتقامزا، مۇئاۋىن رەئىس، قوشۇمچە باش كاتىپ جاڭ بو، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن ياڭ يۈڭ، ئىلھام سابىر، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن دوۋ ۋەنگۈي، چيۇ شۇخۇا شۆبە يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى.

---

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن . قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# جياڭ جۇيۈن: كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىرادىسى پولاتتەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، چېڭدۇ، 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ۋۇ شياۋيىڭ)** ئۇ «قىزىل قىيا» رومانىدىكى جياڭ ھەدە پېرسوناژىنىڭ ئەسلى تىپى، ئۇ جازىدۇڭ تۈرمىسىدە قاتتىق قىيىن ـ قىستاقلارغا ئېلىنسىمۇ، قەتئىي تىز پۈكمىگەن ئايال قەھرىمان، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى كەڭ تارقىلىپ مەدھىيەلىنىپ، نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە رىغبەتلەندۈرگەن. ئۇ دەل جياڭ جۇيۈن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسى، مەشھۇر ئايال ئىنقىلابىي قۇربان.



جياڭ جۇيۈننىڭ سۈرىتى (ماتېرىيال سۈرەت).

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

جياڭ جۇيۈن سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ زىگۇڭ شەھىرىدىن، 1920 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى داشەنپۇ بازىرىنىڭ جياڭجياۋەندىكى بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ سەككىز يېشىدا ئانىسى بىلەن بىللە قەھەتچىلىكتىن قېچىپ چۇڭچىڭغا بارغان، ئون يېشىدا پايپاق زاۋۇتىغا كىرىپ بالا ئىشچى بولغان، كېيىن چۇڭچىڭنىڭ نەنئەن ئوتتۇرا مەكتىپى ۋە جۇڭگو گۇڭشۆ قارىمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەن.

1939 ـ يىلى جياڭ جۇيۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1940 ـ يىلى كۈزدە ئۇ جۇڭخۇا كەسپىي مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇغان ھەم بۇ مەكتەپنىڭ يەر ئاستى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ياش ئوقۇغۇچىلار خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان.

1943 ـ يىلى پارتىيە تەشكىلاتى ئۇنى ئەينى چاغدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى چۇڭچىڭ شەھەرلىك كومىتېتى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى بولغان پېڭ يۇڭۋۇنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ خەۋەرلىشىش ـ ئالاقىلىشىش خىزمىتىنى ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ ئىككىسى ئەر ـ خوتۇن سىياقىدا بىر «ئائىلە» قۇرۇپ، ئۇنى چۇڭچىڭ شەھەرلىك پارتكومنىڭ مەخپىي ئورگىنى ۋە يەر ئاستى پارتىيە تەشكىلاتى ئىستىل تۈزىتىش ئۆگىنىشىنىڭ يېتەكچىلىك مەركىزى قىلغان.

پارتىيەنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن، 1944 ـ يىلى جياڭ جۇيۈن سىچۈەن داشۆسىگە ئىمتىھان بېرىپ كىرىپ، ئادەتتىكى ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن پارتىيە خىزمىتىنى ئىشلىگەن. 1945 ـ يىلى جياڭ جۇيۈن پېڭ يۇڭۋۇ بىلەن توي قىلغان، كېيىن چۇڭچىڭدا قېلىپ پېڭ يۇڭۋۇنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىپ، پارتىيە ئىچىدىكى ئىشلارنى ۋە ئىچكى ـ تاشقى ئالاقە خىزمىتىنى بىر تەرەپ قىلىشقا مەسئۇل بولغان، يولداشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى سەممىمىي ھالدا جياڭ ھەدە، دەپ ئاتىغان.

1947 ـ يىلى جياڭ جۇيۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى چۇڭچىڭ شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ ئەۋەتىشى بىلەن، ئالىي، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى باتۇرلارچە كۈرەش قىلىشقا تەشكىللەشكە مەسئۇل بولغان. ئېرى پېڭ يۇڭۋۇنىڭ بىۋاسىتە رەھبەرلىكىدە جياڭ جۇيۈن يەنە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى چۇڭچىڭ شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ يەر ئاستى مەتبۇئاتى «ئىلگىرىلەش گېزىتى»نىڭ ئالاقىلىشىش ۋە تەشكىللەش، تارقىتىش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان. شۇ يىلى ئەتىياز ۋە يازدا، شەرقىي سىچۈەن پارتىيە تەشكىلاتى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېزا قوراللىق كۈرەشكە يۆتكەشكە باشلىغان، پېڭ يۇڭۋۇ يۇقىرى دەرىجىلىكنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن شەرقىي سىچۈەنگە بېرىپ قوراللىق كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلغان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شەرقىي سىچۈەن ۋاقىتلىق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە تۆۋەنكى شەرقىي سىچۈەن يەرلىك خىزمەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان. جياڭ جۇيۈن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شەرقىي سىچۈەن ۋاقىتلىق كومىتېتى ھەم تۆۋەنكى شەرقىي سىچۈەن ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئالاقىچىسى سالاھىيىتىدە ئېرى بىلەن بىللە كۈرەشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىگە ئاتلانغان.

1948 ـ يىلى پېڭ يۇڭۋۇ قوراللىق قوزغىلاڭ تەشكىللىگەندە بەختكە قارشى قۇربان بولغان. جياڭ جۇيۈن قايغۇ ـ ھەسرەتكە بەرداشلىق بېرىپ، قەتئىيلىك بىلەن ئېرىنىڭ خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «بۇ لىنىيەدىكى مۇناسىۋەتنى مەنلا پىششىق بىلىمەن، مەن پېڭ يۇڭۋۇ يىقىلغان جايدا كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇشۇم كېرەك».

6 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، خائىننىڭ ساتقىنلىق قىلىشى بىلەن جياڭ جۇيۈن بەختكە قارشى قولغا ئېلىنىپ، چۇڭچىڭ جازىدۇڭ تۈرمىسىگە قامالغان. گومىنداڭ جۇنتۇڭ ئىشپىيونلىرى يولۋاس ئورۇندۇق، ئاسما ئارقان، تىكەنلىك پولات قامچا، ئىلمەكلىك تۆمۈر تاياق، توك بىلەن قىيناش... قاتارلىق تۈرلۈك ۋەھشىيلەرچە جازالارنى قوللانغان. ھەتتا رەھىمسىزلەرچە بامبۇك زىخچىنى ئۇنىڭ ئون بارمىقىغا سانجىپ، بۇ ياش ئايال كومپارتىيە ئەزاسىنى بويسۇندۇرۇپ، يەر ئاستى پارتىيە تەشكىلاتىنى قولغا چۈشۈرۈشنى خام خىيال قىلغان. دۈشمەننىڭ قاتتىق ئۇرۇشى، قىيىن ـ قىستاققا ئېلىشى ئالدىدا، جياڭ جۇيۈن باشتىن ـ ئاخىر تىز پۈكمىگەن، «سىلەر مېنىڭ قولۇمنى ئۈزۈۋېتىپ، كاللامنى ئالساڭلار بولىدۇ، تەشكىلاتقا ئېرىشىشنى خام خىيال قىلماڭلار.» «دەھشەتلىك جازالاپ قىيناش ئىنتايىن ئەرزىمەس بىر سىناق. بامبۇك زىخچە بامبۇكتىن ياسالغان، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىرادىسى بولسا پولاتتەك!»

1949 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، چۇڭچىڭ ئازاد بولۇش ئالدىدا، جياڭ جۇيۈن گومىنداڭ جۇنتۇڭ ئىشپىيونلىرى تەرىپىدىن جازىدۇڭ تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن، ئۇ، كوممۇنىزم غايىسى ئۈچۈن 29 ياشلىق ھاياتىنى تەقدىم قىلغان.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جياڭ جۇيۈننىڭ ئىش ئىزلىرى خەتەردىن قۇتۇلغان تۈرمىداشلار تەرىپىدىن ھېكايە قىلىنىپ يېزىلىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن سەھنە، ئېكران، كىنو ـ تېلېۋىزىيەلەردە كۆرسىتىلگەن. 2007 ـ يىلى زىگۇڭ داشەنپۇ بازىرى جياڭجياۋەنگە جايلاشقان جياڭ ھەدىنىڭ ئەسلى تۇرالغۇسى سىرتقا رەسمىي ئېچىۋېتىلدى. بۈگۈنكى كۈندە بۇ يەر سىچۈەننىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى بازىسىغا ئايلاندى، ھەر يىلى زور تۈركۈم پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، ئامما بۇ يەرگە كېلىپ ئۇنى ئەسلەپ، ياد ئېتىپ تۇرىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)